# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ،

## تۆرلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

7 ـ قىتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، قەتئىي ھالدا «تۆت ئاڭ»نى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن يىغىن روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق پارتىيەگە سادىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز.

دۆربىلجىن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋياڭ شەھىرىدىن دۆربىلجىن ناھىيەسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىرلارنىڭ باش يېتەكچىسى جاڭ چېڭلياڭ مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ياخشى روھىي ھالەت ۋە پۇختا خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق لياۋياڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۆھپە قوشىمىز.

جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سۈن لىجۈن مۇنداق دېدى: «بىز يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، مۇستەھكەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ياخشى ئورۇنداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەيمىز».

### ■ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز

7 ـ قىتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە جەزمەن تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى. ھەرقايسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار مۇنداق بىلدۈردى: ئىرادىنى ساقلاپ، دەل جايىدا كۈچەپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەتلەرنى سىجىل، چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، باش قوماندان فېڭ ۋېي مۇنداق بىلدۈردى: خۇبېي بىلەن شىنجاڭ ئىككى جاينىڭ ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىپ، 8 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى ئېھتىياج بويىچە تاللاپ ئەۋەتىش پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى دەل جايىدا تاللاپ شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ياردەم بېرىش، يېتەكلەشنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلار ئۈچۈن يۇقىرى ساپالىق يەرلىك كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ بېرىمىز.

2010 ـ يىلدىن باشلاپ گۇما ناھىيەسىگە نىشانلىق ياردەم بەرگەندىن بۇيان، ئەنخۇي ئۆلكىسى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى تۇتقا قىلىپ، جەمئىي 2 مىليارد 807 مىليون يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرىدىن 122 (تۈر)نى يولغا قويدى. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى كەسپلەر تۈرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭيالىڭ مۇنداق دېدى: بىز خەلق تۇرمۇشى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ، تۈرلەرنى ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى ئاممىنى كۆرەلەيدىغان، بىلەلەيدىغان ئەمەلىي نەپتىن بەھرىلەندۈرىمىز.

جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى دوختۇرى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسى سۆڭەك كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تاۋ يۈڭفېي مۇنداق دېدى: «جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ‹ئۇيۇمەك تەشكىللەش شەكلى›دە داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشى شىنجاڭغا دەل جايىدا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىم ئەمەلىيىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ‹ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش› ۋە ‹ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش› خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ‹داۋالاش ـ ئوقۇتۇش، تەتقىقات›تىكى ئەۋزەللىكىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، بۆلۈم دوختۇرلىرىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز».

### ■ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشنىڭ «قەلبلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك»نى بەرپا قىلىمىز

7 ـ قىتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپرەك بېرىش ـ كېلىش قىلىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئارىلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولۇش كېرەك.

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى لىن دېيۇڭ مۇنداق دېدى: ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت ئەترىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «خۇنەن ـ تۇرپان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇش ئۆرمىنى» پىلانىنى يولغا قويۇپ، تۇرپان شەھىرى ئۈچۈن 1500 مودىن ئارتۇق ئورمان بەلبېغىنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، سىرىق قۇمنى تىزگىنلەش، يېڭى يېشىللىقنى كۆپەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى. بۇ يىل يەنە «باھار يامغۇرى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش ئارقىلىق، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ 100 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت پىدائىيلار مۇلازىمەتچىلىرى تۇرپاننىڭ ئېتىز باشلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مول مەدەنىيەت ئوزۇقى يەتكۈزدى. «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز خۇنەننىڭ مەدەنىيەت چوڭ ئۆلكىسى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ئالاقىسى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى لىن دېيۇڭ.

«ساياھەتچىلىك كەسپلەر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يول بولۇپلا قالماي، يەنە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم سۇپا.» خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى بىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ «ساياھەتچىلىكنى ئاساس قىلىش، 1 ـ كەسپكە تەسىر كۆرسىتىش، 2 ـ كەسپكە تەرەك بولۇش» تەرەققىيات تەپەككۇرى بويىچە، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىمىز.

(مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، چېن چېن، جاڭ تىڭ، خې لىڭ، جەزىرە، لى داۋجۇڭ، جاڭ رۇيلىن، جاڭ جىلى يازغان)

# ئابدۇل باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئابدۇل ئىلگىرى قېزىش ماشىنىسى ھەيدەپ باققان، كېيىن قېزىش ماشىنىسىنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىزچىل نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈرگەنىدى. كەنتتە بىر باقمىچىلىق قوتىنى بار بولۇپ، ئىزچىل بىكار تۇرغانىدى، ۋارىس ئابدۇلنى باشلامچىلىق بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، نامرات ئائىلەلەرنى يېتەكلەپ بىرلىكتە باقمىچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئابدۇلنىڭ ئۆگەنگىنى دەل چارۋىچىلىق كەسپى ئىدى، ئۇ بۇ تەكلىپنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ناھايىتى تېزلا، ئابدۇل كەنت ئائىلىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە نامرات ئائىلە بار ئىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، كەنت ئائىلىلىرى ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىكار تۇرغان باقمىچىلىق قوتىنىنى تازىلاپ رەتلىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يەنە ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ رويخەتكە ئېلىش، ئىشلىتىلىدىغان يەرنى ئۆلچەش، تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، ياردەملىشىپ توختام ھۆججىتى تۈزدى. ۋۇشىكا ئېبسىتىن بىر كۈن ئىلگىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ياساپ تەييارلاپ قويغان ۋۇشىكىنى مەخسۇس ئاپىرىپ بەردى.

پايچەكلەر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئالدى بىلەن كالا بېقىشنى قارار قىلدى. ئابدۇل دەرھال «بازار ئارىلاش» ئەندىزىسىنى قوزغىتىپ، قاراقاش ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى كالا ـ قوي بازارلىرىغا بېرىپ كالا تاللىدى، بىردىن ـ بىردىن كۆرۈپ، بىردىن ـ بىردىن سېتىۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە تاللىدى. «كالىلارنىڭ باھاسى تۆۋىنىنىڭ 9000 يۈەن، يۇقىرىسىنىڭ 20 مىڭ يۈەن، قىممىتىنىڭ قىممىتىگە يارىشا داۋلىسى بار، ئەرزانىنى قوغلاشساق بولمايدۇ، لېكىن ھالىمىزغا بېقىپ ئىش كۆرمىسەكمۇ بولمايدۇ» دېدى ئابدۇل.

50 تۇياق كالا ئارقا ـ ئارقىدىن باقمىچىلىق قوتىنىغا كىردى، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق كۆڭۈل قويۇپ بېقىش ئارقىلىق كالىلار ئوبدانلا سەمرىدى. ئابدۇل بازار باھاسىغا ئىزچىل دىققەت قىلىپ تۇردى، يېقىندا ئۇ باھانىڭ يامان ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن كالىلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى «بىرىنچى كومزەك ئالتۇن»نى قازدى، كۆپچىلىكنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى.

### ■ ھەر كۈنى سودا دەستۇرى ئۈستىدە ئىزدەندى

چارباغ كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، نامرات ئائىلە كۆپ. بۇ كەنت قاراقاش دەرياسىغا يېقىن بولۇپ، قىرغاق بويىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول، كەنت باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، باقمىچىلىقنى چۈشىنىدىغان ھەم بازارنى چۈشىنىدىغان باشلامچىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. 26 ياشلىق ئابدۇلنىڭ مۇشۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار بولۇپ، ئۇ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە چارۋىچىلىق ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەنىدى.

«نېمىنى بېقىشتا ئالدى بىلەن تەننەرخنى ھېسابلاشتىن باشلاش كېرەك. بىز 10 مىڭ يۈەنلىك يەم ـ خەشەك سېتىۋالدۇق، كالىنىڭ سانى ۋە كۈن سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر كالىغا كۈنىگە تەخمىنەن يەتتە يۈەنلىك يەم ـ خەشەك كېتىدۇ، بۇنداق بولغاندا قانداق باھادا ساتقاندا ئاندىن پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى، قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆڭۈلدە سان بولىدۇ» دېدى ئابدۇل. بورداپ ئالغان كالا سېتىلغاندىن كېيىن، ئۇ كالا بېقىش كۆلەملەشمىسە، سۈت، سۈت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئىككىلەمچى مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى چىقمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

شۇ كۈنى قوتان ئالدىدا ئېچىلغان «پايچەكلەر يىغىنى»دا، ئابدۇل ئۆزىنىڭ ئويىنى ئېيتىپ، كالىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى، خەۋپى بىر قەدەر چوڭ، قويىنىڭ خەۋپى تۆۋەنرەك، دەۋرىيلىكىمۇ قىسقا، بورداقچىلىق ئارقىلىق كىرىم قىلىپلا قالماي، تۆل ئېلىپمۇ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېس قىلدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى ئەخمەت توختى توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ: «قوي بېقىش كالا بېقىشتىن ئاسان، مەن قوللايمەن» دېدى.

كېيىنكى قەدەمدە، كۆپچىلىك قوي سېتىۋېلىش ئىشىنى پىلانلاشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە، ئابدۇل دائىم قاراقاش ناھىيەسىنىڭ باشقا كەنتلىرىگە بېرىپ باشقىلارنىڭ قانداق باقمىچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقتى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىياتى تىلغا ئېلىنغاندا، ئابدۇل توختىماي سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئويىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارەتتىكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا، ئابدۇل چوڭ پايچېك ئەمەس، ئۇ پەقەت 100 مىڭ يۈەنلا پۇل چىقارغان، قاشتاش سودىسى قىلىدىغان بىر كەنت ئائىلىسى ھەقىقىي چوڭ پايچېك ئىدى. لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئابدۇلغا ئىشىنىپ، ئۇنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى توغرىسىدا ئابدۇل ناھايىتى كۆپ ئويلاندى، ھەم ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك چوڭ ئائىلىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك، ھەم ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلايدىغان نامرات ئائىلىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. «كەنت ئائىلىسى مەمەتتوختى نۇرئەمەت بۇرۇن ماڭا ياردەملىشىپ قېزىش ماشىنىسى ھەيدىگەن، ئۇ ماشىنىنى ئاسراشقا مەندىنمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدۇ؛ كەنت ئائىلىسى ئابلىز قادىر ھاۋالىلىك توشۇش ئورنىدا ئىشلەپ باققان، ناھايىتى ئىشچان، توكسىكلىتنى ھەيدەپ تەرەپ ـ تەرەپتە يۈك ئېلىپ، يۈك توشۇيدۇ...» ئابدۇل مۇنداق دېدى: ھازىر كۆپچىلىك بىر تال ئارغامچا بولۇپ چىڭ ئۇيۇشۇپ، ئىشنى ياخشى قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

### ■ ھازىر كۈچلۈك مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى

بۇگۈنكى كۈندىكى ئابدۇلنىڭ ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئىشەنچى تولۇپ تاشقان، بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ھالىتى بۇنداق ئەمەس ئىدى. «دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، چەكتىن ئاشقان ئىش قىلغاندىم» دېدى ئابدۇل خىجىللىق بىلەن.

ئابدۇل ئىلگىرى قانۇنسىز دىن ئۆگەنگەن، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن «كاللىسى يۇيۇلغان». «ئۇلار ماڭا دىنىي ئەقىدە ھەر قانداق قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دۆلەت تارقاتقان گۇۋاھنامىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، دۆلەت تارقاتقان تولۇقلىمىنىمۇ ئېلىشقا بولمايدۇ، دېگەن.» ئابدۇلنىڭ ئېيتىشىچە، «توي قىلغان»دا، ئۇ خوتۇنى بىلەن توي خېتى ئالماي، پەقەت ئادەم تەكلىپ قىلىپ «نىكاھ» ئوقۇتقان. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ئابدۇل سېستىمىلىق ھالدا جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ئۆيلىنىش قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆگەندى، ئىلگىرى قانۇن بىلمەيدىغان ئۇنىڭدا قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭى شەكىللەندى، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن دەرھال خوتۇنى بىلەن توي خېتى ئالدى.

ئۇنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلماي قىلغان بولمىغۇر ئىشلىرى ئاز ئەمەس، «بىر قېتىم ئاشۇ كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كاللام قىزىپ، كىملىكىمنى كۆيدۈرۈۋېتىپتىمەن.» ئابدۇلنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ۋاقىتتا ئۇ قېزىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ كەنتنىڭ ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشماقچى بولغان، كىملىكى بولمىغاچقا قېزىش ماشىنىسىنى سېتىۋالالمىغان، نوپۇسقا ئورۇنلىتالمىغان، كېيىن ئامالسىز تولۇقلاپ بېجىرگەن.

ئۇ يىللاردا كەنتتە ئەمىن ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئابدۇل قېزىش ماشىنىسى ھەيدەپ كۆپ پۇل تاپالايتتى، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى گاڭگىراشقا تولغانىدى: ئەمىن ئۆي ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇنداقتا مېنىڭ ئۆي سېلىشقا قاتنىشىپ تاپقان پۇلۇم «مۇسۇلمانچە» ئەمەسمۇ قانداق؟ ئەگەر ھېچقانداق پۇل تاپمىسام، بىر ئائىلە كىشىلىرى قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز؟

بۇ گۇمانلارغا، كېيىن تەربىيەلىنىش جەريانىدا جاۋاب تېپىلدى. «ئۇ ۋاقىتتا پەرق ئېتىش ئىقتىدارىم بولمىغاچقا، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. مەن ھازىر داۋلىنى چۈشەندىم.» ئابدۇلنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بىر مەزگىلدە، ئۇ دائىم كەنتتىكى كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، يۇرتداشلارغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە تەسىراتىنى سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى، بولۇپمۇ ياشلارنى كونا سەنئەگە قايتا دەسسىمەسلىككە دەۋەت قىلدى.

ئابدۇلنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىكى ھەربىر نامرات ئائىلىنى يىل ئاخىرىدا ياخشى كىرىمگە ئىگە قىلىش، كېلەر يىلى كۆلەمنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىنىڭ پۇل تېپىشىغا تۈرتكە بولۇش ئىكەن. «سىز شۇ چاغدا داۋاملىق قېزىش ماشىنىسى ھەيدەشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى مۇخبىر. ئابدۇل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۆزى پۇل تاپقان بىلەن كۆپچىلىكنى باشلاپ بىرلىكتە پۇل تاپقاندىكى ھېسسىيات ئوخشاش بولمايدىكەن، ھازىر مەن كۈچلۈك مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولدۇم، شۇنداقلا ئىنتايىن خۇشال».

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى «نەمۇنىلىك خەلق ساقچىسى» جاڭ گوفۇ




شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجۇ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۇ شۈندا) جۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ يۈجۇڭ رايونى سەييۈەنبا پويىز ئىستانسىسى ئەتراپىدىكى لياڭلۇكوۋ جيەنشېڭجېڭ كوچىسىنىڭ پىيادىلەر پەلەمپەي يولى ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر خاتىرە تېشى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، تاشقا «نەمۇنىلىك خەلق ساقچىسى جاڭ گوفۇنىڭ خاتىرە تېشى» دېگەن بىر نەچچە چوڭ خەت ئويۇلغان. ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ گوفۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «نەمۇنىلىك خەلق ساقچىسى» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامنى بەرگەن تۇنجى كىشى.

جاڭ گوفۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1918 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پۇجياڭ ناھىيەسىنىڭ جىيېڭ يېزىسى جاڭگۇەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلى، ئۇ يۇرتىدىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گۇاڭشىنىڭ رۇڭشيەن ناھىيەسىدىكى «سىيى» ھەربىي قورال ـ ياراغ زاۋۇتىدا ئىشچى بولغان، كېيىن زاۋۇتقا ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا كۆچكەن. 1949 ـ يىلى، چۇڭچىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، جاڭ گوفۇ چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ 4 ـ شۆبە ئىدارىسى خۇاڭشاشى ساقچىخانىسى (ھازىر يۈجۇڭ رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە)دا ئىش بېجىرگۈچى، ئامانلىق خەلق ساقچىسى بولغان.

1952 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5تە، جاڭ گوفۇ چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ تۆمۈريولىنى بويلاپ ئېگىز گۆڭيەنگە ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىشكە كېتىۋېتىپ، شىنخۇاڭ كەنتى ئەتراپىغا كەلگەندە، بىر پويىز دەل سەييۈەنبا يۆنىلىشىدىن كەلگەن. ئۇ تۇيۇقسىز ئون ياش ئەتراپىدىكى بىر ئوتتۇن تەرگۈچى بالىنىڭ رېلىستا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، پويىز ئۇچقاندەك يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

جاڭ گوفۇ ناھايىتى جىددىي قول پۇلاڭلىتىپ توۋلىغان: «ھەي بالا، تېز چۈشۈپ كەت، پويىز كېلىۋاتىدۇ!» ھالبۇكى، كىچىك بالا ئەھۋالنى قىلچە بىلمەي، شىپال ئۈستىدە داۋاملىق مېڭىۋەرگەن. كىچىك بالا پويىزنى بايقىغاندا، پويىز كۆز ئالدىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، قورقىنىدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغان. پويىز ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى، ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، جاڭ گوفۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپلا پىيادىلەر يولىغا ئالغان.

كىچىك بالا بەختكە قۇتقۇزۇۋېلىنغان، لېكىن جاڭ گوفۇ ئەمدىلا رېلىستىن ئاتلىشىغا، ئۇچقاندەك كەلگەن پويىزنىڭ شامال كۈچىدىن يەرگە يىقىلىپ، بېشى پويىزغا سوقۇلۇپ يارىلانغان، ئاخىرىدا قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 33 ياشتا ئىدى.

خۇاڭشاشى ئەتراپىدىكى ئاممىلار بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرغان. 1952 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شۇ جايدىكىلەر خۇاڭشاشىدا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئاچقان، يىغىنغا قاتناشقان ھەر ساھە ئاممىسى 2000دىن ئاشقان، يىغىنغا كەلگەن ئاممىنىڭ ھەممىسى جاڭ گوفۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇپ، خىزمەت ئۈستىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قەھرىمانلىق، نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىدىن تەسىرلەنگەن.

جاڭ گوفۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالا ۋاڭ يۈشىن ئانىسى ما سۈجېن بىلەن بىللە جاڭ گوفۇنىڭ قەبرە تېشى ئالدىغا كېلىپ گۈل تەقدىم قىلغان. ۋاڭ يۈشىن يەنە مۇنداق بىر ئابزاس سۆزنى يازغان: «جاڭ گوفۇ تاغام مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇربان بولدى، مەن ياخشى ئوقۇپ، دۆلەتكە شەرەپ كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاڭ گوفۇ تاغامغا جاۋاب قايتۇرىمەن».

1952 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، يولداش جاڭ گوفۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لو رۇيچىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ، يولداش جاڭ گوفۇنى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ ئېتىراپ قىلغان ھەم «نەمۇنىلىك خەلق ساقچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن. ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ گوفۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بەرگەن بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ساقچى، شۇنداقلا چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى ئارىسىدىن چىققان مەملىكەتلىك تۇنجى قەھرىمان ـ نەمۇنىچى شەخس.

ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا، شەھەر ئاھالىلىرى ئاممىسى ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ گوفۇنى ئىزچىل ئۇنتۇمىدى ھەمدە شەھەر قۇرۇلۇشى جەريانىدىمۇ ئۇنىڭ قەبرىسى، خاتىرە تېشىنى ناھايىتى ئوبدان قوغدىدى. ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ گوفۇنىڭ قەبرىسى ۋە خاتىرە تېشى ئەسلىدە ئىككى جايدا ئىدى، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسى خۇاڭشاشىدىكى داپىڭ كوچىسىدا، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ خاتىرە تېشى لياڭلۇكوۋ جيەنشېڭجېڭ كوچىسىدا ئىدى. شەھەر رايوننى پىلانلاش سەۋەبلىك، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسى كېيىن كۆچۈرۈلۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، 2005 ـ يىلى، شۇ جايدىكىلەر ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسىنى كۆچۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسى، تېشىنى بىرلەشتۈردى.

بۈگۈنكى كۈندە، خاتىرە تېشى شۇ يەردىكىلەرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانىنى ياد ئېتىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنىڭ توغرا كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، شۇ جايدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ گوفۇنىڭ خاتىرە تېشى ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلەن گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىدۇ ھەم «ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىش» قەسەم بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ، شەھەر ئاھالىلىرى ئاممىسى بەس ـ بەستە ئۆزلۈكىدىن بۇ جايغا كېلىپ قەبرە سۈپۈرۈپ، مۇشۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن نەمۇنىلىك خەلق ساقچىسى جاڭ گوفۇنى ياد ئېتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)